# ئەسلىي مەقسەت ـ بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ ئىگىلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

دەل جايىدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك.

ئاقتۇ ناھىيەسى كۇنلۇن جايىۋەن مەھەللىسىدە نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش بويىچە 984 ئائىلىدىكى 4047 چارۋىچى ئولتۇراقلاشقان. چېن چۈەنگو مەھەللىگە كىرىپ، كۆچۈرۈلگەندىن بۇيانقى جەمئىيەت مۇقىملىقى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋە كەسپلەرنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى نەق مەيداندا كۆزدىن كەچۈردى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: كېيىنكى كەسپلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە يۈرۈشلۈك ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى سىجىل ياخشى تۇتۇپ، نامرات ئاممىنىڭ كۆچۈپ چىقالايدىغان، مۇقىم تۇرالايدىغان، نامراتلىقتىن قۇتۇلالايدىغان بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئاتۇش شەھىرىنىڭ دېھقان ـ چارۋىچىلار پەننىي ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيەلەش بازىسىدا، چېن چۈەنگو ئېلېكترونلۇق سودا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، دېھقان ـ چارۋىچىلارنى ماھارەت بويىچە تەربىيەلەش ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: مەۋقەنى شۇ جاينىڭ ئەۋزەللىكىگە قويۇپ، بازارنى ياخشى ئېچىپ، سۈپەتلىك ماركىنى زورايتىپ، ئەلالاشتۇرۇپ، خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى تېخىمۇ يىراققا، تېخىمۇ ياخشى سېتىپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى مۇقىم ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. نامرات ئاھالىلەرنى ماھارەت بويىچە تەربىيەلەشنى كۈچەيتىپ، نامراتلارنى يۆلەشنى ئىرادە جەھەتتە يۆلەش، ئەقىل جەھەتتە يۆلەش بىلەن ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، نامرات ئاھالىلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش ئىشەنچى ۋە قابىلىيىتىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك.

چېن چۈەنگو ئاتۇش شەھىرى ئازاق يېزىسى مىيى كەنتىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمەت پونكىتىغا كېلىپ، نامراتلارنى يۆلەش 1 ـ شۆجىلىرى، «ئەل رايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى ۋە يېزا ـ كەنت كادىرلىرىنى يوقلاپ، كۆپچىلىك بىلەن سەمىمىي سۆھبەتلىشىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىدە ساقلانغان قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى چوڭقۇر ئىگىلەپ، پىكىر ـ تەكلىپلەرنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كۈچنى بىرتۇتاش ياخشى پىلانلاپ، مەسئۇلىيەتنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەسىلىلەرنى ياخشى ھەل قىلىپ، تۈرلۈك تەدبىرلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم بېرىشىنى قاتتىق تۇتۇش كېرەك.

ئاتۇش شەھەرلىك كىچىك، ئوششاق (كىيىم ـ كېچەك، زىبۇ ـ زىننەت) كەسىپلەر باغچىسىغا كىيىم ـ كېچەك، زىبۇ ـ زىننەت، گىلەم، كەشتىچىلىك ئىشلەپچىقىرىش ـ پىششىقلاش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 33 كارخانا ماكانلاشقان بولۇپ، 4198 كىشىنىڭ مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە، نامرات ئاھالە 1321 كىشى. چېن چۈەنگو گۈلخۇا كىيىم ـ كېچەك چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سېخىغا كىرىپ، كارخانا مەسئۇلى ۋە ھەر مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر بىلەن يۈزتۇرا پاراڭلىشىپ، كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تىجارىتى، نامرات ئاھالىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇش، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى تەمىناتى قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەپسىلىي ئىگىلىدى. چېن چۈەنگو مۇنداق كۆرسەتتى: خىزمەت سالمىقىنى زورايتىپ، ئېتىبار سىياسەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ نامرات ئاممىنىڭ يېقىن ئەتراپتا، ئۆز جايىدا ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

چېن چۈەنگو يەنە جۇنۇس ئەلى، ئىمامھەسەن قادىر ئىككى ئائىلىلىك نامرات ئاممىنى زىيارەت قىلدى ۋە ئۇلاردىن ھال سورىدى، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ۋە تۈرلۈك نامراتلارنى يۆلەش سىياسەتلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى كۆڭۈل بۆلۈپ سورىدى. نامرات ئاھالىلەرنىڭ تۇرالغۇ، ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋە كىرىمىنىڭ كاپالەتكە ئىگە بولغانلىقىنى كۆرۈپ، چېن چۈەنگو خۇشال بولغان ھالدا ئۇلارنى پارتىيەنىڭ ياخشى سىياستىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئەمگەكچان ئىككى قولىغا تايىنىپ تۇرمۇشىنى بارغانسېرى قاينام ـ تاشقىنلىق ئىچىدە ئۆتكۈزۈشكە ئىلھاملاندۇردى.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش داۋامىدا، چېن چۈەنگو قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ مۇقىملىق، تەرەققىيات ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەردە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»تىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى كەم ـ كوتىسىز ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تېخىمۇ زور ئىرادە، تېخىمۇ ئېنىق تەپەككۇر، تېخىمۇ دەل تەدبىر ئارقىلىق قەتئىي، كەسكىن ھالدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىپ، تولۇق غەلىبە قىلمىغۇچە جەڭنى ھەرگىز توختاتماسلىق كېرەك. نىشان ئۆلچەمنى ئىگىلەپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ ئىگىلەپ، ھەم ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ قالماسلىق، ئۆلچەمنى ئۆستۈرۈۋەتمەسلىك، كۆزلىمىنى ئاشۇرۇۋەتمەسلىك، ھەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتا ساختىلىق ئىشلەتمەسلىك، ئۆلچەمنى تۆۋەنلىتىۋەتمەسلىك، سۈپەتكە تەسىر يەتكۈزمەسلىك كېرەك؛ دەل جايىدا بولۇش تەدبىردە چىڭ تۇرۇپ، دىققەتنى ئېغىر نامرات رايونلار ۋە ئالاھىدە نامرات ئاممىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئائىلىگە دەل جايىدا بولۇش، ئادەمگىچە دەل جايىدا بولۇش كېرەك؛ كەمتۈكلۈكلەرنى كۈچەپ تولۇقلاپ، قانۇن ـ نىزامغا توغرىلىنىپ، ئۆلچەمگە توغرىلىنىپ، بايلىقنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، يوچۇقلارنى تەكشۈرۈپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، نېمە كەم بولسا شۇنى تولۇقلاش كېرەك؛ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، «يەتتە بىر تۈركۈم» «ئۈچتە سالماقنى ئاشۇرۇش»نى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، چېكىنىپ چىقىش مېخانىزمىنى چىڭىتىپ، نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنىڭ ئەمەلىي، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش جەريانىنىڭ پۇختا، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىسىنىڭ ھەقىقىي بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛ خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، ئاپتونوم رايون باش مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش، شەھەر ـ ناھىيەلەر ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش، بەش دەرىجىلىك شۇجىلار بىرلىكتە تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىستىل ئۆزگەرتىشتە بوشاڭلىق قىلماسلىقتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش تەلىپىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى قەرەلىدە تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنداق تەكىتلىدى: ئەسلىي مەقسەت ـ بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەشتە چىڭ تۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنى دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈش، بىرىكمە مۇشتنى ياخشى ئېتىش، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى ساقلاش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەش، راۋاجلاندۇرۇش، دىنلارنىڭ ئېجىل ـ ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ياخشىلاش، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش، پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئاساسىنى پۇختىلاش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، تىرىشىپ مۇقىملىق، تەرەققىيات ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ ئەلا نەتىجىلىرى بىلەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك.

# بايىنغولىن ئوبلاستى پۈتۈن كۈچى بىلەن كورلا دۆلەت دەرىجىلىك ئۇنىۋېرسال قاتناش تۈگۈنى بەرپا قىلماقتا

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايوننىڭ يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك يىرىك پىلانى بويىچە، كورلا نۇقتىلىق بەرپا قىلىنىدىغان دۆلەت دەرىجىلىك بەش ئۇنىۋېرسال قاتناش تۈگۈنىنىڭ بىرى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى كورلىنى يادرولۇق تۈگۈن قىلىپ، تۆمۈريول، تاشيول، خەلق ئاۋىياتسىيەسى ئىستېرېئولۇق ئۇنىۋېرسال قاتناش ـ ترانسپورت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن كورلا دۆلەت دەرىجىلىك ئۇنىۋېرسال قاتناش تۈگۈنى بەرپا قىلىۋاتىدۇ.

«20 نەچچە يىل ئىلگىرى، پويىزغا ئولتۇرۇپ كورلىدىن ئۈرۈمچىگە بېرىش ئۈچۈن بىر كېچە ۋاقىت كېتەتتى، سۈرئەت ئاستا، ۋاگون ئىچى تار، قىستاڭچىلىق بولۇپ، پويىزغا ئولتۇرۇش قەھەتچىلىكتىن قېچىشقا ئوخشايتتى»، دېدى 47 ياشلىق ۋاڭ شۈيىبى. كورلىنىڭ يەرلىك ئاھالىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، سەپەرگە چىقىش قولايسىز بولۇشتىن «ماشىنا دەپلا مېڭىش»قىچە، ئۇ ئادەتتىكى پويىز، ئادەتتىكى تېز پويىز، «جەنۇبىي شىنجاڭ يۇلتۇزى» شەھەرلەر ئارا پويىز ۋە ھازىرقى «گۈللىنىش ناملىق» پويىز دەۋرىنى باشتىن كەچۈردى، كورلىدىن ئۈرۈمچىگە يۈرۈش ۋاقتى ئەڭ دەسلەپكى ئون نەچچە سائەتتىن ئەڭ تېز بولغاندا ئۈچ سائەت 38 مىنۇتقا زور دەرىجىدە قىسقاردى. بۇ مەزگىلدە، كورلا تۆمۈريولىدا تىجارەت ترانسپورت لىنىيەسىدىن پەقەت بىرلا بولۇش، يۈرۈش ئىقتىدارى نەچچە ئون كىلومېتىر بولۇشتىن تەرەققىي قىلىپ تىجارەت ترانسپورت لىنىيەسى بەشكە، يۈرۈش ئىقتىدارى 880 كىلومېتىرغا يەتتى.

قۇرۇلۇۋاتقان گولمۇد ـ كورلا تۆمۈريولى شىنجاڭدىن چىقىدىغان 3 ـ چوڭ يول. نۆۋەتتە، گولمۇد ـ كورلا تۆمۈريولىنىڭ كورلىدىن چاقىلىقچە بولغان بۆلىكىدىكى يول ئۇلى، كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى ۋە رېلىس ياتقۇزۇش خىزمىتى تولۇق تاماملاندى، كورلا ۋوگزالىدىكى يېڭىدىن سېلىنغان ۋوگزال ئۆيلىرى 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرى ئىشقا كىرىشتۈرۈلىدۇ. مۆلچەرلىنىشىچە بۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، گولمۇد ـ كورلا تۆمۈريولىنىڭ كورلىدىن چاقىلىقچە بولغان بۆلىكىدە قۇرۇلۇش پۈتۈپ پويىز قاتنايدىكەن، 2020 ـ يىلى گولمۇد ـ كورلا تۆمۈريولىدا پۈتۈن لىنىيە بويىچە پويىز قاتنايدىكەن. خوتەن ـ چاقىلىق تۆمۈريولىدىمۇ بۇ يىل 5 ـ ئايدا ئومۇميۈزلۈك قۇرۇلۇش باشلىنىدىكەن، مۆلچەرلىنىشىچە 2022 ـ يىلى پۈتۈپ پويىز قاتنايدىكەن، شۇ چاغدا بايىنغولىن ئوبلاستى تەۋەسىدىكى تۆمۈريول ئومۇمىي مۇساپىسى 2000 كىلومېتىرغا يېتىدىكەن.

تاشيول قۇرۇلۇشى جەھەتتە، بايىنغولىن ئوبلاستى «ئىككى ئايلانما، بىر لىنىيە، بىر ئوق، بىر چەمبىرەك» يۇقىرى سۈپەتلىك ساياھەت قاتناش سىستېمىسى بەرپا قىلىش، «توغرىسىغا ئۈچ، ئۇزۇنىسىغا تۆت» غول لىنىيە قاتناش تورى قۇرۇپ چىقىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كورلا شەھىرىنى مەركەز قىلغان بىر سائەتلىك ئىقتىساد چەمبىرىكى بەرپا قىلدى ھەم «دۆلەت، ئۆلكە يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولدىن پايدىلىنىپ تېز ئىلگىرىلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ساياھەت تاشيولىغا تايىنىپ كەزمە ساياھەت قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش» ۋەزىيىتىنى تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

ئاۋىياتسىيە ئىشلىرىمۇ ئوخشاشلا «سۈرئەتنى ئاشۇرۇپ» تەرەققىي قىلدى. 2007 ـ يىلى، يېڭى كورلا ئايرودۇرۇمى رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، 2008 ـ يىلى يولۇچى توشۇش مىقدارى ئاران 200 مىڭ ئادەم قېتىم، يۈك توشۇش مىقدارى 277.3 توننا ئىدى. 2018 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، كورلا ئايرودۇرۇمىنىڭ يولۇچى توشۇش مىقدارى 1 مىليون 750 مىڭ ئادەم قېتىمغا، يۈك توشۇش مىقدارى 7670 تونىغا يەتتى. نۆۋەتتە كورلا ئايرودۇرۇمىنىڭ قاتناش نۇقتىسى 36گە كۆپەيتىلىپ، دۆلەت ئىچىدىكى 16 شەھەرگە تۇتاشتۇرۇلدى.

«نۆۋەتتە، خېجىڭ بايىنبۇلاق ئايرودۇرۇمى، بۈگۈر يۇقرالار ئايرودۇرۇمى تۈرىدە ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمەتلەر پائال ئالغا سىلجىتىلىۋاتىدۇ، مۆلچەرلىنىشىچە، ‹14 ـ بەش يىل›نىڭ ئاخىرىدا بايىنغولىن ئوبلاستىدا بەش تارماق لىنىيە ئايرودۇرۇمى بار بولىدۇ». 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى قاتناش بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى چېن چيۈجۈ مۇنداق بىلدۈردى: بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ ئاۋىياتسىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، بايىنغولىن ئوبلاستى ھەتتا پۈتۈن شىنجاڭنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، كورلا شىنجاڭ ئاۋىياتسىيە ئىككىلەمچى تۈگۈننى پائال بەرپا قىلىپ، ئايرودۇرۇم ئەتراپى ئىقتىسادىي رايونى قۇرۇپ، ھەممىباب ئاۋىياتسىيە كەسپىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇۋاتىدۇ.

# چەكسىز مۇھەببەتنى، چىن ھېسسىياتنى بېغىشلاش

——جۇڭگو كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەركىزى يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئورنىنىڭ ئىشخانا مۇدىرى، جەنۇبىي شىنجاڭ خىزمەت پونكىتىنىڭ پونكىت باشلىقى، قەشقەر ۋىلايەتلىك كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لى شىنۋېي توغرىسىدا

**شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان شەخسلەرنىڭ خىسلىتى**

□ مۇخبىرىمىز خەن چىنيەن

«مەن شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ۋەزىپىسىنى تاماملاش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى ئۆزۈمنىڭ ئىشى دەپ بىلىپ قىلدىم» دېدى 8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، جۇڭگو كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەركىزى يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئورنىنىڭ ئىشخانا مۇدىرى، جەنۇبىي شىنجاڭ خىزمەت پونكىتىنىڭ پونكىت باشلىقى، قەشقەر ۋىلايەتلىك كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەركىزى پارتكومىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر لى شىنۋېي مۇخبىرغا.

2016 ـ يىلى 9 ـ ئايدا شىنجاڭغا كىرىپ، لى شىنۋېي ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق چېگرا رايوندىكى ھەر مىللەت خەلققە بولغان مۇھەببىتى، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ئىشلىرىغا بولغان ئىنتىلىشى، ئىككىنچى يۇرتى قەشقەرگە بولغان چىن ھېسسىياتىنى پۈتۈپ چىقماقتا.

**■ كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش**

«مۇھەببەت ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش، چىن ھېسسىيات ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش، چىن قەلب ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش» بۇ لى شىنۋېينىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىگە بولغان چۈشەندۈرۈشى.

لى شىنۋېي جۇڭگو كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەركىزىنىڭ تېخنىكىسى، تۈزۈمى ۋە ئىستىلىنى قەشقەرگە «كۆچۈرۈپ كەلدى». ئۇ ياراتقان «پونكىت باشلىقى + » خىزمەت ئەندىزىسى جەنۇبىي شىنجاڭدا چېچەكلەپ مېۋە بەردى. نۆۋەتتە، قەشقەردە جەنۇبىي شىنجاڭ خىزمەت پونكىتى تەسىس قىلىنىپلا قالماي، يەنە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ ھەممىسىدە جەنۇبىي شىنجاڭ خىزمەت پونكىتى ئالاقە نۇقتىسى قۇرۇلۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا ساغلاملىق ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى ئومۇميۈزلۈك چۆرىدەپ، تۇبېركۇليوز كېسىلى، ئەيدىز كېسىلى قاتارلىق يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئۇنىۋېرسال ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى.

«كىشىگە بېلىق بەرگەندىن بېلىق تۇتۇشنى ئۆگىتىپ قويغان ياخشى»، لى شىنۋېي «ئۆگىتىش، ياردەم بېرىش، يېتەكلەش، تەربىيەلەش»نى ئاساس قىلىپ، ئۆزى توپلىغان بىلىم ۋە تەجرىبىلەرنىڭ بىرىنىمۇ قالدۇرماي، شۇ جايدىكى تېببىي خىزمەتچىلەرگە ئۆگەتتى. «پونكىت قۇرۇلغان مۇشۇ يىللاردا، بىز شاڭخەي، شەندۇڭ، گۇاڭدۇڭ، شېنجېن ھەم جەنۇبىي شىنجاڭدىكى باشقا ۋىلايەت، ئوبلاستلار بىلەن بىرلىكتە ھەمكارلىشىپ، شۇ جاينىڭ كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئىقتىدارى ۋە تەجرىبىخانىدا تەكشۈرۈش ئىقتىدارىنى ئۆستۈردۇق» دېدى لى شىنۋېي.

**■ قائىدە ـ تۈزۈم ئورنىتىپ، شۇ جاينىڭ قان ئىشلەش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش**

لى شىنۋېي جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، مەۋقەنى يىراق كەلگۈسىنى ئويلاشقا قويۇپ، جۇڭگو كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەركىزىدىكى مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەر «ساغلاملىق ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش»كە يېتەكچىلىك قىلىش تۈر تۈزۈش خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، قەشقەر ۋىلايەتلىك كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەركىزى ئۈچۈن دەسلەپكى قەدەمدە «1 + 5» تۈرى قاتارلىقلارنى تاماملاپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساس سالدى.

جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ساغلاملىق ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ «ئەمەلىي مەشغۇلات ئەندىزىسى»نى يەنى: لايىھە، تەربىيەلەش، تەجرىبە قىلىش، نەق مەيداننى بىر گەۋدىلەشتۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، نۇقتىلىق يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە ئومۇملاشتۇردى ۋە ئەمەلىي قوللاندى.

لى شىنۋېي ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە «ئۆتكەلنى ئالدىغا يۆتكەش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، «يەرلىك مۇكەممەللىكى» خىزمەت ئىدىدىيەسىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، مۇتەخەسسىسلەر ۋە شۇ جايدىكى تېببىي خادىملارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

لى شىنۋېي يەنە جۇڭگو كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەركىزىنىڭ رادىياتسىيە بىخەتەرلىكى ئورنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەركىزىدىكى مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەرنى ماسلاشتۇرۇپ، قەشقەر ۋىلايىتى بىلەن خوتەن ۋىلايىتىدىكى چوڭ تىپتىكى ئالتە دوختۇرخانىنىڭ رادىياتسىيە ئۈسكۈنىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك يىللىق تەكشۈرۈپ، ئىككى ۋىلايەتتىكى نۇقتىلىق داۋالاش ـ ساقىيە ئورۇنلىرىنىڭ داۋالاش تېخنىكىسى خىزمىتىنى بىخەتەر قانات يايدۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىپ، شۇ جايغا 400 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ھەققى تېجەپ بەردى.

«جۇڭگو كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەركىزى جەنۇبىي شىنجاڭ خىزمەت پونكىتى دۆلەت، ئاپتونوم رايون ۋە شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەر بىلەن ئالاقىلىشىش ـ ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمى ئورناتتى» دېدى لى شىنۋېي.

بۈگۈنكى كۈندە، جەنۇبىي شىنجاڭ خىزمەت پونكىتى ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش يىرىك پىلانى ھەم يولغا قويۇش پىلانىنى ئىلمىي تۈزۈپ چىقالايدىغان بولدى؛ دورا سەزگۈرلۈكىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇۋاتىدۇ؛ قەشقەر ۋىلايەتلىك كېسەللىك ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەركىزى كۆپ تۈرلۈك ساپانامىلەرگە ئېرىشتى.

**■ داۋاملىق ۋەزىپە ئۆتەپ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەش**

2018 ـ يىلى، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ۋەزىپە مۇددىتى توشقاندا، 57 ياشلىق لى شىنۋېي داۋاملىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋېرىشنى يەنە ئىلتىماس قىلدى.

گەرچە لى شىنۋېي شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش مەزگىلىدە كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، بىر قېتىم يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسى يۈز بېرىپ، ئۈچ تىرەك ئورناتقان، بۇلتۇر 10 ـ ئايدا يەنە بىر قېتىم مېڭە تىقىلمىسى كۆرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن جەنۇبىي شىنجاڭ خىزمەت پونكىتىنىڭ ئېھتىياجى ۋە خىزمەتنىڭ داۋاملىشىشچانلىقىنى ئويلىشىپ، ئۇ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش مۇددىتىنى ئۇزارتىشنى ئىككى قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاست، بولۇپمۇ قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا ياردەملەشتى.

يىرىك پىلان تۈزۈش، ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش، تېخنىكا جەھەتتىن قوللاش قاتارلىق خىزمەتلەر ئالدىدا، لى شىنۋېي باشتىن ـ ئاخىر تولۇق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇپ، ئومۇميۈزلۈك ياردەم بېرىپ، يۆلەپ، ئالدىن پىلانلاپ، ياخشى ئەمەلىيلەشتۈردى. ئۇ ئېلىپ كەلگەن يېڭى ئىدىيە، يېڭى تەپەككۇر ۋە خىزمەت ئۇسۇلى شۇ جايدىكى كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچى خادىملارغا بىلىندۇرمەي تەسىر كۆرسەتمەكتە.

«شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشى، مەن ئۆز سەۋەبىم تۈپەيلى دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشىغا دەخلى يەتكۈزسەم بولمايدۇ، خىزمەتنى تولۇق تاماملىشىم كېرەك.» يېقىنقى ئىككى يىلدا، لى شىنۋېي چاغانىنىڭ ھەممىسىنى قەشقەردە ئۆتكۈزدى.

دەل مۇشۇنداق چېگرا رايوننى سۆيۈش ھېسسىياتى ۋە كوللېكتىپنىڭ تىرىشچانلىقى بولغاچقا، جەنۇبىي شىنجاڭ خىزمەت پونكىتى 2017 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى دۆلەت سەھىيە ۋە پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى ۋە ساغلاملىق گېزىتخانىسى بىرلىكتە تەۋسىيە قىلغان «ھاياتلىق قەھرىمانى پىدائىيلار ئەترىتى» دېگەن نامغا ئېرىشتى. 2018 ـ يىلى، لى شىنۋېي شەرەپ بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ تۈركۈمدە شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بەرگەن كادىر مۇنەۋۋەر خادىم دېگەن نامغا ئېرىشتى. لى شىنۋېي يەنە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ جۇڭگو كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەركىزى يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئورنى تەرىپىدىن 2017 ـ يىللىق، 2018 ـ يىللىق مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى، ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى.